# ۋىتىر نامىزى ئوقۇماي ئۇخلاپ قالغان ياكى ۋىتىر نامىزىنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى ئېسىگە يەتكەندە ئوقۇسۇن

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ۋىتىر نامىزى ئوقۇماي ئۇخلاپ قالغان ياكى ۋىتىر نامىزىنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى ئېسىگە يەتكەندە ئوقۇسۇن»

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

تاڭ يورۇغىچە ۋىتىر نامىزى ئوقۇماي ئۇخلاپ قالغان ياكى ۋىتىر نامىزى ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالغان كىشى، تاڭ يورۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ ۋىتىر نامىزىنىڭ قازاسىنى ئەمەس بەلكى ئۆزىنى ئوقۇۋالسۇن. بۇ ھەدىس: ئۇخلاپ قالغان ياكى ئۇنتۇپ قالغان كىشىنىڭ شەرىئەت ئېتىبارىغا ئالىدىغان ئۆزرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋىتىر نامىزىنى تاڭ يورۇپ بولغاندىن كېيىن بولسىمۇ ئوقۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/11277